# شىنجاڭ گېزىتى

2021 ـ يىل 4 ـ ئاي

3

شەنبە

维吾尔文 4 月3日

25380 ـ سان

بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى

چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 تىيانشان تورى: www.ts.cn


## شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋىغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭتۇڭى ئالۋىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئالۋىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن پاكىستان پۈتۈن شارائىتلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى باشتىن ـ ئاخىر پاكىستان ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىلەن قەتئىي بىر سەپتە تۇرۇپ، مۇرنى مۈرىگە تىرەپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. مەن جۇڭگو ـ پاكىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ئالۋى بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، تېخىمۇ يېقىن بولغان جۇڭگو ـ پاكىستان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

## شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

### شى جىنپىڭ پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# ھەممە ئادەم يېشىللىقنى سۆيىدىغان، يېشىللىق بەرپا قىلىدىغان، يېشىللىقنى قوغدايدىغان مەدەنىي كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكاننى ئورتاق قۇرۇش كېرەك

### لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پايتەختتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشقاندا مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا، بىزنىڭ بىرلىكتە مەجبۇرەن كۆچەت تىكىشكە قاتنىشىشتىكى مەقسىتىمىز ھەممە ئادەم يېشىللىقنى سۆيىدىغان، يېشىللىق بەرپا قىلىدىغان، يېشىللىقنى قوغدايدىغان مەدەنىي كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ۋەتەننى كۆكەرتىش مەسئۇلىيەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق بىللە ئۆتىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكاننى ئورتاق قۇرۇش ئۈچۈندۇر.

باھار شاملى يېشىللىق ئېلىپ كەلدى، بارلىق شەيئىلەر يېڭىلاندى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن 30 مىنۇتلار ئۆتكەندە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چاۋياڭ رايونىدىكى ۋېنيۇخېدا پايتەخت مەجبۇرەن كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆچەت تىكمەكتە.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى

# قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىخۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزۈپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۈ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا چېن چۈەنگو، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن ئۆگىنىش تەسىراتى ئالماشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يازما پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

كۆپچىلىك بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈردە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە ئىگىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **لى شىڭ، مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» تېمىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ـ زىيارەتتە بولۇۋاتقان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ۋىلادىمىر نوروۋ ھەم ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ 30 نەچچە كىشى پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر پىكىر ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئالاقىدار مەسىلىلەرگە جاۋاب قايتۇردى.

شۆھرەت زاكىر شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، مۇقىملىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


ئوقۇش يېتەكچىسى

«جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى»

4 ـ بەتتە





**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

## ئاپئاق پاختا قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان تۇرمۇشقا تىرەك بولدى

**يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى بىرىنچى سەپتە شىنجاڭ پاختىسىنى تەكشۈرۈش④**

□ **ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لىيۇ يى، خېي خۇڭۋېي**

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى زىۋاتال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئوسمان تۇرسۇننىڭ كېۋەزلىكىدە، بىيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى ئورنىتىلغان سېيالكا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈرۈپ، ھەربىر تال ئۇرۇقنى كېۋەزلىككە دەل جايىدا تېرىۋاتاتتى، رەتلىك سولىياۋ يوپۇقلار ماشىنىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن تەكشى يېيىلىپ يىراقلاپ باراتتى.

ئوسمان بۇ يىل 200 مو يەرگە كېۋەز تېرىدى، ئۇ يەنە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى دۇكىنى ئېچىپ، يەرلىكتىكى كەنت ئاھالىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. «مەن ھازىر يىلدا 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلىمەن، كېيىنكى قەدەمدە سولىياۋ يوپۇق پىششىقلاش زاۋۇتى ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى بېيىشقا يېتەكلەشنى ئويلىشىۋاتىمەن.» ئوسمان خۇشال ھالدا، كېۋەز تېرىش ئائىلىمىزنى قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، دېدى.

شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى پائال قوللىنىپ، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسنى ئۆستۈرۈشنى تۈرتۈپ، ئىلگىرى سۈرۈش ـ يېتەكلەشنى تۈرتۈپ، پاختا كەسپىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنۇمنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە «چوڭ كەسىپ، چوڭ خەلق تۇرمۇشى» تەرەققىيات خاسلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاممىۋى ئاساسى مۇستەھكەم، تەرەققىيات ھاياتى كۈچى تولۇق، يېتەكلەش ئۈنۈمى روشەن بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلاندى.

### تېخنىكا دەرىجىسى ئۆستى يەر تېرىش تېخىمۇ ئاسانلاشتى

«ئىلگىرى يەر تېرىش ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق سېلىشتا

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇسابىقىگە ئاتلىنىش**

### پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى كەسپىي ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى

## قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش

**پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش**

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى شىنجاڭ كەسپىي داشۆ، بورتالا كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆ، قاراماي كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى، شىنجاڭ زامانىۋى كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

بورتالا كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىدە، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) پەلسەپە ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ پېڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)